مەمتىمىن نوردۇن

# سىرلىق مىراس



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1247.5
123

01326943170

مەمتىمن نوردۇن

13119394010

# سىرلىق مىراس

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

神秘的遗产/买买提明·努尔东著. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社，2002.12
ISBN 7—228—07775—X

Ⅰ.神... Ⅱ.买... Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2002）第105068号

责任编辑：买·西帕
责任校对：艾吉尔古丽·吐尔逊
封面设计：艾克拜尔·萨里

神秘的遗产（维吾尔文）
（长篇小说）
买买提明·努尔东 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆农科院印刷厂印刷
850×1168 毫米 32开本 10.625印张 3插页
2003年1月第1版 2003年1月第1次印刷
印数：1 — 3000

ISBN7—228—07775—X 定价:16.00元

مەسئۇل مۇھەررىر: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتور: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالى

# سىرلىق مىراس

(رومان)

مەمتىمىن نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 10.625 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN7—228—07775—X
باھاسى: 16.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى مەتىمىن نۇردۇن 1950 ـ يىلى توقسۇ ناھىيە بازىرىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئۈششاقتال قاتناش بېكىتىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1964 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1964 ـ يىلى قاراشەھەر تاشيول ئوچاستىكىسىغا ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشقان. 1966 ـ يىلى كۇنەس تاشيول ئوچاستىكىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تراكتورچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 — 1981 ـ يىللىرى شوپۇرلۇق مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن تاكى 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1993 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر كۇنەس تاشيول ئوچاستىكا ئىشچىلار ئۇيۇشما خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن.

مەتىمىن نۇردۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1982 ـ يىلى «بوستان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «بۇلۇتلار ئۈستىدە»، «يورۇقلۇق چېيى» قاتارلىق ئوندىن كۆپرەك ھېكايىسى، «ئاھ، قاچقۇن» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 35
ئۈچىنچى باب ........................................ 88
تۆتىنچى باب ........................................ 101
بەشىنچى باب ........................................ 129
ئالتىنچى باب ........................................ 168
يەتتىنچى باب ........................................ 209
سەككىزىنچى باب ........................................ 239
توققۇزىنچى باب ........................................ 293
ئونىنچى باب ........................................ 319

# بىرىنچى باب

ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنىپتۇ،
يۈز يىلدا قازان.
ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

1

ئۇ ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشتى ـ دە، ئەتراپقا چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇزاقتىچە قارىدى، ئەمما يۇرتىنى تونۇيالمايلا قالدى. راست، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي يۇرت ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بالىلىق خاتىرىسىدە ساقلانغان مەنزىرە ۋە ئىزلار ئۆچكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا مەنزىرە ئىگىلەپ كەتكەندى. . .

ئۇ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى ۋە كىشىلەرگە قارىدى. تونۇش بىرەر كىشىنى ئۇچرىتىمەنمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇچرىتالمىدى. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە قارىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىمۇ ئۈچۈن پۈتۈنلەي يات ئادەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى ھەم بۇيەردە بىرەر تونۇش كىشىنى ئۇچرىتىشىغا كۆزى يەتمىدى. ئاخىر كىشىلەردىن بوۋىسىنى، ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى

بولۇپ، ئالدىغا بىر قەدەم ئىلىپ تۇرىۋىدى، بىر ئىشەك هارۋىسى ئالدىغا كىلىپ توختىدى ۋە هارۋىكەش بالا ئۇنىڭدىن سەل ئەيمىنىپ:
— ئاكا، نەگە بارىلا، ئاپىرىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى.
مىهمان هارۋىكەش بالىغا قىزىقىپ قارىدى. ئۇ ئون بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق يۈزلۈك، زىلۋا، ئورۇق بالا ئىدى، ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدىن خۇشخۇي چىرايىدىن چىچەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مىهمان بۇ بالىنىڭ ئۆزىنى تونجى بولۇپ «قارشى» ئالغىنىغا ۋە ئۇنى «ئاكا» دەپ چاقىرغىنىغا خۇشال بولۇپ:
— ئۇكام، مىنى قاسىمباي دىگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويامسەن؟ — دىدى كۈلۈمسىرەپ.
بالا ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— ئاكا، ناهىيە بازىرىدە قاسىم ئىسىملىك ئادەمدىن بىر قانچىسى بار، سىلە ئۇلارنىڭ قايسىسىنى دەيلىكىن؟ . . .
بالىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ مىهمانمۇ كۈلۈپ كەتتى. راست، دىمىسىمۇ بۇ جايدا قاسىم ئىسىملىك ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بوۋىسى قاسىمباي ئۆز زامانىسىدا نامى ـ ئاتىقى بار تىجارەتچىلەردىن ئىدى. ئىسىدە قىلىشىچە، بوۋىسىنى ناهىيە بازىرىدىكى كىشىلەر «قاسىم شاڭزۇڭ» دەپ ئاتىشاتتى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە بوۋىسىنىڭ سىنىپىي تەركىبى پومىشچىك دەپ بىكىتىلگەچكە بەزىلەر ئۇنى «قاسىم پوم» دەپمۇ چاقىرىشاتتى. هەر قانچە بولسىمۇ مۇنداق نامۇ نىشانى بار كىشىنى يۇرتداشلىرى بىلمەي قالماس . . .
— ئۇكام، مەن ئىزدەيدىغان ئۇ كىشىنى هەممە ئادەم «قاسىم شاڭزۇڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ناهىيە بازىرىدىكى تىجارەتچى، سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولغان. . . بازار ئىچىدە كاتتا زىمىنىمىزمۇ بار ئىدى،— دىدى مىهمان چۈشەندۈرۈپ.

بالا مېھماننىڭ سۆزىنى تىڭشاپ بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:
— قاسىم ھاجى، قاسىم پېتىر، قاسىم خوتەن، قاسىم ناۋات، قاسىم ياغ دەيدىغان ئادەملەرنى كۆرگەنمەن، ئەمما سىلە دېگەن «قاسىم شاگزۇك» دېگەن ئادەمنى تونۇمايدىكەنمەن. . . — دېدى مەيۈسلىنىپ.
بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مېھماننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. راست، دېمىسىمۇ بۇ ئون بەش ياشلاردىكى بالا 60 ـ يىللارنىڭ ئالدىدىكى «قاسىم شاگزۇك» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇنىڭ بوۋىسىنى ھازىر كىشىلەر باشقىچە ئاتايدىغاندۇ، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگىرىدىغۇ. . . مېھمان ئاخىر بوۋامنى سورىسام بىلەلىگۈدەك بىرەر بوۋاي ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن ئويدا ئۆتكۈنچىلەرگە يەنە سەپسالدى. ئۇنىڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھارۋىكەش بالا:
— سىلىنى دادامنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارايمۇ، ئاكا؟ — دېدى ياخشى كۆڭۈل، ياخشى نىيەتتە، — دادام ناھىيە بازىرىدىكى كۆپ ئادەمنى بىلىدۇ. بەلكىم سىلىنىڭ چوڭ دادىلىرىنىمۇ بىلىشى مۇمكىن . . .
— بولمىسا مەيلى. . . — دېدى مېھمان دەرھال رازى بولۇپ، بالا مېھماننىڭ خۇرۇم چامىدانلىرىنى ھارۋىسىغا بېسىپ بولۇپ:
— قېنى، ئاكا، ھارۋىغا چىقسىلا، ماڭايلى، — دېدى.
مېھمان ئۆز يۇرتىدا تونجى ئۇچرىغان بۇ «تاكسى»غا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ، بالىلىق خاتىرىسىدىكى ئىزلارنى ئاختۇردى. ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئۇ تۇغۇلغان ئۆي ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات رەستىسىدە ئىدى ۋە ناھايىتى كەڭرى ھەم ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى

ھويلىلارغا بۆلۈنەتتى، ئۆينىڭ ئارقىسىدا ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن بۈككىدە بولۇپ تۇرىدىغان كەڭرى باغمۇ بار ئىدى. ياز كۈنلىرى بۇ باغ ناھايىتى گۈزەللىشىپ، ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى، بوۋىسى قاسىمباينىڭ ئەل - ئاغىنە، يارۇ - بۇرادەرلىرى پات - پات بۇ باغقا يىغىلىپ مەشرەپ ئوينايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە باغنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بازارلىق ھۆكۈمەت ئېلىۋالغان بولسىمۇ قالغان يېرىمىدا يەنىلا پات - پات مەشرەپ بولۇپ تۇراتتى.

ئۆيدىن چىقسىلا رەستە - كوچىغا چىقاتتى. كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىككى قىرغىقى زىچ قورۇ - جاي ۋە باغلار بىلەن قورشالغانىدى. ياز كۈنلىرى بازارغا كەلگەنلەر ئۆستەڭ بويىدا سايىداپ، يېتىپ دېمىنى ئالاتتى، سۇيىدىن قانغۇچە ئىچەتتى. ئۆستەڭنىڭ سۈيى قىشمۇ ياز ئېقىپ تۇراتتى ۋە پاكىز ئىدى.

ناھىيە بازىرىمۇ ئاشۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ پەيدا بولغان، كېڭەيگەن، تەرەققىي قىلغان، يەنى ئۆستەڭ بۇ ئاۋات، قايناق بازارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇنىڭ باش تەرىپى تەڭرى تېغىغا، ئاياغ تەرىپى تارىم جاڭگاللىقىغا تۇتۇشاتتى. گەرچە ئۇ بىر ئاددىي ئۆستەڭ بولسىمۇ تەڭرى تېغى بىلەن تارىمنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، چېتىپ تۇرىدىغان ئۇزۇلمەس ئېقىم، ئىككى تەرىپىدىكى ئادەملەر ۋە جانلىقلار ئۈچۈن ھاياتلىق تومۇرى، شۇنداقلا بىر غەمگۇزار ئانا ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇ يوق ئىدى. بۇ تەۋەررۇك ئۆستەڭنى كۆرەلمىگەن مېھمان ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز بۇ بازاردىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدىلا بولىدىغان ئۇكام. ئۇ ئۆستەڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ . . .

بالا ئۇنىڭ سۆزىگە يەنە كۈلدى:

— بىزنىڭ ئۆيىمۇ ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئىدى. ئۇ ئاللىقاچان

چىقىلىپ كەتتى، ئۆستەڭمۇ باشقا يەردىن قېزىلدى. سىلىنىڭ ئۆيمۇ بەلكىم چىقىلىپ كەتكەندۇ، مانا بىز كېتىپ بارغان كوچا ئەسلى ئۆستەڭ ئىدى. . .

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئۇكام،— دېدى مېھمان ئەتراپقا كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپ.

ئەمما، ئۇ ئۆستەڭنىڭ ھېچقانداق ئىزناسىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭغا تونۇش ئۆيلەرمۇ، دەل ـ دەرەخ، باغلارمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئېگىز بىنالار، كەڭرى ئاسفالىت كوچا، دۇكان، ماگىزىن، ئاشخانا، رېستوران، ئىدارىلەر ئىگىلەپ بولغانىدى. كوچىدا ماشىنا، تراكتور، ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئادەملەر پىيادىلەر يولىدا كۆپلۈكىدىن بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ كېتىشىۋاتاتتى. ئاشخانا، رېستورانلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇنئالغۇنىڭ يۇقىرى بېسىملىق ئاۋازى، كوچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى. ئۇنىڭغا يەنە كوچىدىكى ئات ـ ئۇلاغ، ماشىنا، تراكتورلارنىڭ ئاۋازىمۇ قوشۇلۇپ كەتكەنىدى . . . . مېھمان ھەممە نەرسىگە ھەيران قالغاندەك قىزىقىپ قارايتتى. ھارۋىكەش بالا «بۇ ئادەم يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ سورىدى:

— ئاكا، بۇ يۇرتقا يېقىندىن كەلگەن ئوخشىمامىلا؟

— شۇنداق. . .

— نەدىن كېلىشلىرى؟

— چەت ئەلدىن ئۇكام، ناھايىتى يىراق جايدىن كېلىشىم.

— مۇنداق دېسىلە، قاسىم شاڭزۇڭ دېگەن ئادەم سىلىنىڭ نېمىلىرى بولىدۇ؟

— بوۋام، يەنى چوڭ دادام بولىدۇ.

— چوڭ دادىلىرى كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلسە يوللىرىغا قاراپ تۇرغاندۇ ھېلى؟



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

— ياق، ئۇ كىشى كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. . .

مېھمان شۇنداق دەپ مۇڭلىنىپ قالدى. چىرايىدىكى ھاياجان بىردىن غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خىيالچان ھالەت ئىگىلىدى. ئەمما، ھارۋىكەش بالا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى.

— بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدۇق، ئاكا،— دېدى بالا ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ،— ئەنە ئاۋۇ سەينا شۇ.

مېھمان ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كونا ئۆيلەر بىلەن يېڭى ئۆيلەر گىرەلەشكەن بىر ئەگرى، تار كوچا تۇراتتى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ، دەرۋازىسى كوچىغا ئېچىلغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا بىر قانچە بوۋاي ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. مېھمان ئۇلارنى كۆرۈپ گويا بوۋىسى شۇيەردە باردەك تېپىرلاپ كەتتى. ئېشەك ھارۋىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. بوۋايلار بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانغا قاراشتى. مېھمانمۇ بوۋايلارغا تەشنالىق بىلەن بىر-بىرلەپ سەپسالدى. بىراق، ئۇ بوۋىسىنى كۆرەلمىدى. ھارۋىكەش بالا بوۋايلارغا قاراپ:

— ئەمەت دادا، ماۋۇ مېھمان قاسىم شاگىرۇك دېگەن كىشىنى ئىزدەيدىكەن،— دېدى ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ.

بوۋايلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر-بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئارقىدىن ھارۋىدىكى مېھمانغا ئەجەبلىنىپ تىكىلدى. ئۇنىڭغىچە مېھمانمۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ، بوۋايلارغا سالام قىلدى. بوۋايلار بۇ «يوچۇن» مېھمانغا ھەيران بولغان ھالدا چەكچىيىپ قاراپ سالىمىنى قوبۇل قىلىشتىيۇ، لېكىن دەرھال جاۋاب بېرىشمەي تۇرۇپ قالدى. مېھمان ئۇلاردىن ئالدىراپ سورىدى:

— مەن قاسىم شاگىرۇك دېگەن ئادەمنى ئىزدەيتتىم، ئۇ كىشىنى تونۇيدىغانلار بارمىكىن؟

بۇ سوئالغا بوۋايلار نېمە ئۈچۈندۇر دەرھال جاۋاب بېرەلمەي

مېھمانغا باشقىدىن سەپسېلىپ قاراشتى. مېھماننىڭ تەق ـ تۇرقىدىن قارىغاندا بۇ يۇرتلۇق ئەمەستەك قىلاتتى. يەنە بىرى كىشىلەر ئالىلقاچان ئۇنتۇپ كېتەي دېگەن «قاسىم شائىزۇك» دېگەن ئىسىمنى مېھماننىڭ ئېغىزغا ئېلىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

مېھمان قىرىق ياشلارغا بارغان، ئوتتۇرا بوي، ئاقپىشماق كەلگەن، قەددى ـ قامىتى خوپ كېلىشكەن، ئۈچىسىغا كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا، سۇس زەڭگەر كۆڭلەك كىيىپ، ياقىسىغا ئۇششاق، تەڭگە گۈللۈك، تېگــــى قارا گالىستۇك تاقىغان، پۇتىدا مېغىزرەڭ خۇرۇم شىبلىت، قولىدا قارا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك چاقناپ، چېچى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرغان، ئېسىلزادە كىشى ئىدى.

بىرپەستىن كېيىن بوۋايلارنىڭ ئارىسىدىن شاپاق دوپپا، ئاق كۆڭلەك، ئۈستىگە ئاق خەسە يەكتەك، قارا رەختتىــن ئىشتان، ئايىغىغا سۇلياۋ سايما كەش كىيگەن، پۇتلىرى قاپقارا بىر بوۋاي سۆغۆرۈلۈپ چىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى. بوۋاينىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، گۆپۈلدەپ تەر پۇراپ تۇراتتى. ئۇ مېھماننىڭ بەختىيارلىق، تەشنالىق، سەل ياتسىراش چىقىپ تۇرغان چىرايىغە، كۆزلىرىگە تازا دىققەت بىلەن زەن سېلىپ قاراپ:

— ئۇكام، سىلە قاسىم شائىزۇڭنىڭ نېمىسى بولىلا؟ — دەپ سورىدى.

— نەۋرىسى بولىمەن. . .

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ كۆزلىـــرى چەكچەيدى، قالغانلارمۇ قاتتىق ھەيران بولۇپ، ئورنىدىن قىمىرلاشتــى، ئۆزئارا كۆز بېقىشـــــپ كۇسۇرلاشتـــى: «توۋا!. . . بۇ قاسىمباينىڭ نەۋرىسى بولسا ئابدۇراخماننىڭ بالىسـى بولغان بولدى ـ دە؟ توۋا، توۋا! ئۇلار بۇ دۇنيادا ھايات بار ئىكەنغۇ؟

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇلاردىن خەۋەر بولمىغانىدى. ئادەم دېگەن مانا ئۆلمىسە كېلىدىكەن...» مېھماننىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان بوۋاي بىردىن:

— بۇ گەپچە سىلە ئابدۇراخماننىڭ ئوغلى ئوسمان ئوخشىمامىلا ئۇكام؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەن ئابدۇراخماننىڭ بالىسى ئوسمان بولىمەن... سىلە ئەجەبمۇ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىكەنلىغۇ، ئاكا؟ سىلە كىم بولىلا؟ — مېھمان شۇنداق، دەپ بوۋايغا قول ئۇزىتىپ يەنە تىنچلىق سورىدى. بوۋايمۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئامانلاشتى.

— مەن چوڭ دادىلىرى قاسىمباينىڭ يېقىن بۇرادىرى سەلەي بولىمەن... ھېلىقى سەلەي قاۋانچۇ؟ ئۇنتۇپ قالمىغانلا ئۇكام؟

ئوسمان بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. «سەلەي قاۋان» دېگەن بۇ ئىسمنى خاتىرىسىدىن ئىزدىدى. ئۇنىڭ بالىلىق خاتىرىسىدە نۇرغۇن ئىسىملار، لەقەملەر پۈتۈكلۈك ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئىسىم ۋە لەقەملەر ئارىسىدىن بۇ تونۇش ئىسىمنى ئاخىر ئىزدەپ تاپتى.

— سىلىنى تونۇدۇم...— دېدى ئۇ بوۋاينىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ،— سىلە ھېلىقى چېلىشچى سەلەيكامغۇ سىلە؟

بوۋاينىڭ قويۇق، ساقال ـ بۇرۇت قاپلىغان چىرايى ئۇمچەيدى ـ دە، بىردىن يىغلىۋەتتى. مېھمانمۇ ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇلارغا قارىشىپ تۇرغان بوۋايلارمۇ ياش تۆكمەي تۇرالمىدى. ئۆز نۆۋىتىدە ھارۋىكەش بالىمۇ ئۇمچەيدى. ئۆزى باشلاپ كەلگەن مېھماننىڭ سەلەي بوۋاي بىلەن بۇنچە تونۇش ئىكەنلىكىدىن سۆيۈندى. ئوسمانمۇ يېقىن تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولدى. بوۋىسىنىڭ

خەۋىرنى بىلىشكە ئالدىراپ، سەلەي ئاكىدىن سورىدى:
— سەلەيكا، چوڭ دادام ھازىر نەدە؟ ئۇ ھاياتتۇ؟ . . . بىزنىڭ ئۆي قاياقتا قالدى؟ مېنى تېزرەك باشلاپ بارغان بولسىلا بوپتىكەن. . .

بوۋاينىڭ چىرايىدىكى ھاياجان، خۇشاللىق بىر پەسكە غايىب بولدى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دېدى:
— باشلاپ باراي، ئوغلۇم . . . بىراق، چوڭ دادىلىرى ھازىر ناھىيە بازىرىدا ئەمەس . . .

بۇ خەۋەردىن ئوسماننىڭ چىرايى تۇتۇلدى، يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن تېپىرلاپ كەتتى.
— ئۇ ھازىر نەدە؟ ئۇ نېمىشقا ناھىيە بازىرىدا ئەمەس؟ . . .
— بۇنى سۆزلەپ كەلسەك گەپ بەك جىق ئوغلۇم، — سەلەي ئاكا مۇڭلانغان ھالدا جاۋاب بەردى، — قاسىمبايىنى ئاققۇم يېزىسىغا خېلى يىللار بۇرۇن كۆچۈرۈۋەتكەن . . . ئۇ ھازىر شۇ يەردە. بۇ ئىشلارنى بىر يولىلا دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ئوغلۇم. بۇنى كېيىنچە سۆزلەپ بېرەي. ئوتتۇز يىلدىن بېرى بۇ جايدا كۆپ ئىشلار بولۇپ ئۆتتى . . .
— چوڭ دادام ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ، سەلەيكا؟ . . .
— چوڭ دادىلىرى ساق ـ سالامەت. . . بىراقزە بەكمۇ قېرىپ كەتتى . . . سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا تولا تەلمۈرۈپ كۆزلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاي دېدى . . .

ئوسماننىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر يېرىم بولدى. ئۇ مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ قالدى. سەلەي ئاكا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تەسەللى بەردى:
— ئوغلۇم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. چوڭ دادىلىرى ھېلىمۇ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر ھېسابتا يېزىغا كەتكىنىمۇ ئوبدان بوپتىكەن، بولمىغان بولسا بۇ جايدا ساق قالمايتتى. ناھىيە بازىرىنىڭمۇ ئارزۇلىغۇدەك يېرى

قالمىدى. ئەگەر مۇمكىن بولغان بولسا مەنمۇ يېزىغا كۆچۈپ كېتەتتىم، ئامال يوق، بالىلىرىمغا تارتىشىپلا تۇرىۋاتىمەن. ھەممە جاي قىستى ـ قىستاڭچىلىق. . .

— سەلەيۋاي راست دەيدۇ، — دېدى ئوسماننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىنچلىق سورىشىۋاتقان بوۋايلاردىن بىرى، — قاسىمباي بۇ جايدا تۇرغان بولسا بۇ چاغقىچە ئامان قالمايتتى، ئۇ كىشىنىڭ يېزىغا كەتكىنىمۇ خوپ بوپتىكەن. . .

ئوسمان ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بوۋىسىنىڭ سەھراغا كەتكىنىگە يەنىلا كۆڭلى يېرىم ئىدى.

— سەلەيكا، چوڭ دادام بىلەن چاقىقانراق كۆرۈشسەم بوپتىكەن . . . — دېدى ئوسمان تەقەززا بولۇپ.

— بولىدۇ، ئوغلۇم. مەن سىلىنى ئۇ يېزىغا ھازىرلا باشلاپ باراي، — دېدى سەلەي ئاكا، — مەنمۇ خېلىدىن بېرى قاسىمباينى يوقلاپ بارالماي تۇراتتىم. بۈگۈن سىلىنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي. . . ھوي ئەمەتۋاي، نەۋرەڭلە بىزنى ئاققۇم يېزىسىغا يەتكۈزۈپ قويسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولمامدىغان. ئەمما، ئوسمان قارىي ئىشىكىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئالدى بىلەن ئۆيگە كىرىپ بىر ئۇسسۇزلۇق ئىچسۇن، ئاندىن ماڭساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى ھارۋىكەش بالىنىڭ بوۋىسى مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ئوسمان بۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدى.

## 2

كۈن ئولتۇرۇشقا خېلى بار ئىدى. ماي ئېيىنىڭ پىژغىرىم

ئىسسىقى ئادەمنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئېشەك ھارۋىسى ئاققۇمغا بارىدىغان توپىلىق يولدا يېنىك چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئوسمان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا تويماي قارايتتى. ئۆتمۈشكە مەنسۇپ ئىزلارنى، مەنزىرىلەرنى ئىزدەيتتى. بىراق، بۇ ئەتراپتىمۇ ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. يېزا يوللىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، ئېتىزلار، دەل - دەرەخلەر، ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەنىدى. . .

سەلەي ئاكا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ، بوۋىسى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— چوڭ دادىلىرىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن كەتكىنىگە ئاللاھازەل يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. ھەقىچان سىلە بىلمەيلا، بۇ جايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن بىر ھەرىكەت بولدى، شۇ ھەرىكەتتە چوڭ دادىلىرى بەكمۇ كۆپ ئازاب چەكتى. . . ئۇنىڭغا «بۇزۇق ئۇنسۇر»، «پومېشچىك»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەندەك قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، ئاققۇمغا ھەيدەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ، يېقىن ئادەملەرمۇ ئۇنىڭدىن قاچتى. ھەي تووۋا، ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېزىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى، تۈرمىگە سولاندى. دادىلىرىمۇ بىر قېتىم تۈرمىگە سولىنىپ چىقتى. نېمە جىنايەت بىلەن دەملا؟ نېمە جىنايەت بولاتتى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولغانلىقى بولمامدۇ، يەنە سىلەرنىڭ ياقا يۇرتقا كەتكىنىڭلارمۇ سەۋەب بولدى. شۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئۇنى ھەدېسىلا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ، كۈرەش قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى. چوڭ ئانىلىرى بۇ ئەلەمگە چىدىماي، تولا يىغلاپ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئاچىلىرى زەينەپ ئاچارچىلىق يىللىرىدىلا، سىلەر تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. چوڭ ئانىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com